# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报 | شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 11 - ئاي
12
پەيشەنبە
维吾尔文 11 月12日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25243 - سان بۈگۈن 4 بەت


## دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇۋاتقان شەرقتە يەلكەن چىقىرىپ قايتا يولغا چىقىش

### ــــ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشكە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

پۇجياڭ دەرياسى ئۆركەشلىمەكتە، شەرقتە سۇ كۆتۈرۈلۈپ بىپايان مەنزىرە ئايان بولدى.

لۇجيازۇيدىكى چوڭ ئېكراندا توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان رەقەملەر دەل جۇڭگو پۇل مۇئامىلە بازىرىنىڭ كۈچلۈك تومۇر سوقۇشىغا ئوخشايدۇ؛ جاڭ جياڭدىكى تەجرىبىخانىدا، پەن تەتقىقات خادىملىرى زىبەننى مەركەزلەشتۈرۈپ، نامەلۇم سىرلار ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. دۇڭخەي دېڭىزى ساھىلىدىكى ياڭشەن پورتىدا مۇنارسىمان كىرانلار زىچ قەد كۆتۈرگەندى، كېمە ۋە ئاپتوموبىللار موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى، «ئادەمسىز پىرىستان»دا «جۇڭگودا ياسالغان» ماللار ئۈزلۈكسىز توشۇلۇۋاتاتتى...

بۇ، شاڭخەي پۇدۇڭنىڭ ئادەتتىكى بىر كۈنى، شۇنداقلا يېڭى رايوندا ئېچىش، ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغان 30 يىلدىن بۇيانقى بىر جانلىق كارتىنا.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## شى جىنپىڭ تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى سەۋىيەسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش، خەلقنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تىنچ - ئامان جۇڭگو قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق ئىدارە قىلىش، ئورتاق بەھرىلىنىش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى دۆلەت خەۋپسىزلىكى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## بايتۇرلۇق بىلەن يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولايلى

### ــــ پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىش پارتىيەمىز ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە چىقارغان بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تەدبىر. 1990 - يىلى، ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىت ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەھۋالنى كۆزىتىپ، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر سېلىپ، شاڭخەي پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنى جاكارلاپ، دۇنياغا جۇڭگونىڭ قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشقا تۈرتكە بولۇش ئىرادىسى ۋە ئىشەنچىسىنى جاكارلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تارىخىي سەھىپىسىنى ئاچتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش پارتىيە ۋە خەلقنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن دەۋرگە يېتىشىۋېلىشىدىكى مۇھىم ئەڭگۈشتەر، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يولى، زامانىمىزدىكى جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر، شۇنداقلا ‹ئىككى 100 يىل›لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بەلگىلەيدىغان ئاچقۇچلۇق تەدبىر.» پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر ئىخچام كۆرۈنۈشى. بۇ يىل پۇدۇڭنى ئېچىش، ئېچىۋېتىشنىڭ 30 يىللىقى. ئۇ «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق بارلىققا كەلدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق گۈللەندى»، 30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ بىر پارچە ئېتىزلىقتا فۇنكسىيەسى تولۇقلانغان، مۇھىم ئامىللىرى تولۇق، ئەسلىھەلىرى ئەلا بولغان زامانىۋى يېڭى شەھەر قۇرۇپ چىقىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش سىستېمىسى، ھاياتىي كۈچى تولۇپ تاشقان رايون يېتەكلىك يارىتىش سىستېمىسى، زامانىۋىلاشقان كەسىپ سىستېمىسى، تاكامۇللاشقان خەلق تۇرمۇشى كاپالىتى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈردى. «پۇدۇڭنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئەھمىيىتى كۆزنەكلىك رولىدا، ئۈلگە كۆرسىتىش ئەھمىيىتىدە، بۆسۈشكە جۈرئەت قىلىش، سىناشقا جۈرئەت قىلىش، ئاۋۋال يولغا قويۇش، ئاۋۋال سىناشتا، باشلامچىلاردىن بولۇش رولىدا.» 30 يىلدىن بۇيان، پۇدۇڭ ئىسلاھات ئارقىلىق ئېچىۋېتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئېچىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ يېتەكلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قانات يايدۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ تارىخىي مۇساپىسىدە دولقۇننىڭ بېشىدا مەزمۇت تۇرۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن «قابىل» ئىكەنلىكى، ماركسىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «يارايدىغانلىقى»، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ نېمە ئۈچۈن «ياخشى» ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر جاۋاب بېرىدىغان بىر مۇھىم ئۈلگىگە ئايلىنىپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشىدىكى بىر بايراققا ئايلاندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## «قوش 11»دا شىنجاڭدا سېتىۋېلىش - سېتىش تەڭ جانلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز خې خۇڭۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى سائەت نۆلدىن كېيىن، تيەنماۋ، جىڭدۇڭ، سۇنىڭدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سۇپا ئارقا - ئارقىدىن ئەمەلىي ۋاقىتلىق «جەڭ مەلۇماتى»نى ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سېتىش رېكورتىنى بەس - بەستە بۇزۇپ تاشلىدى. پۈتۈن مەملىكەت بىلەن ماس قەدەمدە شىنجاڭ بازىرىنىڭمۇ ئىپادىسى ياخشى بولدى، توردىكى ئىستېمالنىڭ ئېشىش سۈرئىتى كۆرۈنەرلىك بولدى.

شىنجاڭ سۇنىڭ يىگۇۋ «ئالاقە تورى + دۇكان پارچە سېتىش ئەندىزىسى»نى قوللىنىپ ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈردى، 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، سۇنىڭ يىگۇۋ دۇكانلىرىدىكى ئومۇمىي خېرىدارلار ئېقىمى %58 ئاشتى، سائەت 18 گىچە، شىنجاڭدىكى %70 سۇنىڭ يىگۇۋ دۇكانلىرىنىڭ سېتىش مىقدارى بۇلتۇرقى «قوش 11»دىكى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. سائەت 18دىن باشلاپ، ھەر قايسى دۇكانلار يەنە نۇرغۇن قايتا كەلگەن خېرىدارلارنى كۈتۈۋالدى، تولۇق يۈرۈشلۈك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى سودىسىدا پۈتۈشۈش سىجىل ئاشتى. سائەت 19غىچە، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئۆي بېزەكلىرى، يان تېلېفون قاتارلىق مەھسۇلاتلار كۆپلەپ سېتىلىپ، سۇنىڭ يىگۇۋنىڭ توردىكى ۋە تور سىرتىدىكى زاكازىنىڭ بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %237 ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇ كۈنى ئەشيا ئوبوروتى چوققا قىممىتى 70 مىڭغا يېتىپ، تەڭشەپ تەقسىملەپ توشۇيدىغان 400 ئاپتوموبىل،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

## 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئۇن ئاغرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

### كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 24 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئۇن ئاغرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 24 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە 21، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۈچ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)


扫码下载
石榴云
客户端
新疆日报 | 石榴云 | 天山网 news www.ts.cn
新疆报业传媒集团


يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

# ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»گە قاراپ چىقىلدى

## چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇك، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمىنىڭ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن دۆلەتتىن چىقىپ ئۇرۇش قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 16 - قېتىملىق يىغىنى، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى، 3 - نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن ئاساسىي مەقسەت نۇتقىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، زېھنىي كۈچنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلاشقا تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. «13 - بەش يىل»دا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق تونۇش كېرەك. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، «13 - بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ھەل قىلغۇچ خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، قەرەلدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش ئىشەنچىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئىلمىي پىلانلاش، تۈزۈش كېرەك. پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سىستېما قارىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)



## توقۇمىچىلىق كەسپى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈردى

11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئىشچىلار پۈتۈن مۇساپىلىك ئاپتوماتىك ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەسى سېخىدا ئىشلىمەكتە. ئارال ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىغا جايلاشقان شىنجاڭ جېنتەي توقۇمىچىلىق چەكلىك شىركىتى ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن بۇيان، يېزىلاردىكى 600دىن كۆپرەك ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى. □ سۇن گوچۇەن فوتوسى

سۇبيېكتلىق رولىنى قوزغىتىش پەيتنى قولدىن بەرمەي كۆرەش قىلىش

## جۇڭغار ئويمانلىقىدا نېفىت - گازنى چارلاپ تەكشۈرۈشتە مۇھىم، زور بۆسۈش بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ما يىنىڭنىڭ جۇڭگو نېفىتى شىنجاڭ نېفىتلىك شىركىتىدىن ئىگىلىشىچە: يېقىندا شىنجاڭ نېفىتلىكى جۇڭغار ئويمانلىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى فۇكاڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن جايغا ئورۇنلاشتۇرغان تەۋەككۈل قىلىپ قېزىلغان تەكشۈرۈش قۇدۇقى ــ كاڭتەن 1 - نومۇرلۇق قۇدۇقتا مۇھىم، زور بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، ئۈچ قاتلامنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرى مەھسۇلاتلىق سانائەت نېفىت - گاز ئېقىمىغا ئېرىشكەن.

بۇ ئۈچ قاتلام ئايرىم - ئايرىم ھالدا: ئۇرقۇ گۇرۇپپىسى 2 - بۆلىكىنىڭ كۈندىلىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 133.4 كۇب مېتىر، كۈندىلىك گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 6000 كۇب مېتىر؛ ئۇرقۇ گۇرۇپپىسى 1 - بۆلىكىنىڭ كۈندىلىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 158 كۇب مېتىر، كۈندىلىك گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 11 مىڭ 200 كۇب مېتىر؛ ئىككىلەمچى سىستېما لۇساۋگوۋنىڭ كۈندىلىك نېفىت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 24.1 كۇب مېتىر، كۈندىلىك گاز ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 14 مىڭ 400 كۇب مېتىر.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)